| | | |
|---|---|---|
| ئا: بۇ يەكشەنبە كۈنى | سۇ ئۈزۈشكە<br>توپ ئويناشقا | بارايلىمۇ؟ |

ئە: بارايلى.

ئا: ئىنگلىزچە ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقلار بارمۇ؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: | ئوقۇشتا<br>يېزىشتا<br>ئىنگلىزچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا | قىيىنچىلىقىمىز يوق، لېكىن |
| | ئاڭلاشتا<br>سۆزلەشتە<br>ئۇيغۇرچىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىشتا | ئازاراق قىيىنچىلىقىمىز بار. |

II

| | | |
|---|---|---|
| ئا: بۇ كىتابنى | بۈگۈن قايتۇرۇش<br>مۇشۇ ئۆيدە كۆرۈش<br>بۈگۈن ئېلىش | كېرەك \ لازىممۇ؟ |
| ئە: ھەئە بۇ كىتابنى | بۈگۈن قايتۇرۇش<br>مۇشۇ ئۆيدە كۆرۈش<br>بۈگۈن ئېلىش | كېرەك \ لازىم. |

بۇ ماقالە ناھايىتى مۇھىم، ئۇنى ياخشى

| | |
|---|---|
| ئۆگىنىش<br>مۇزاكىرە قىلىش | كېرەك \ لازىم. |

146

## ئون سەككىزىنچى دەرس

## جۈملە تىپلىرى بويىچە مەشق

I

| | | |
|---|---|---|
| ھەر كۈنى ئەتىگەندە | بەدەن چېنىقتۇرۇش<br>ئىنگىلىزچە ئۆگىنىش | ئۇنىڭ ئادىتى. |

ئا: سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز نېمە؟

| | | |
|---|---|---|
| ئە: مېنىڭ ۋەزىپەم | دەرسلىك تۈزۈش<br>دەرس بېرىش | . |
| ئا: بۇنى يەنە | كۆرۈشنىڭ<br>تەھلىل قىلىشنىڭ<br>چۈشەندۈرۈشنىڭ | ھاجىتى بارمۇ؟ |
| ئە: ياق، يەنە | كۆرۈشنىڭ<br>تەھلىل قىلىشنىڭ<br>چۈشەندۈرۈشنىڭ | ھاجىتى يوق. |
| ئا: سىلەر | ۋاسكېتبول ئويناشنى<br>پەي توپ ئويناشنى<br>سۇ ئۈزۈشنى | بىلەمسىلەر؟ |

ئە: ئازاراق بىلىمىز.

| | | |
|---|---|---|
| ئا: سىز | ساياھەت قىلىشنى<br>مۇزىكا ئاڭلاشنى<br>كىتاب ئوقۇشنى | ياخشى كۆرەمسىز؟ |

ئە: ياخشى كۆرىمەن.

1- تۆۋەندىكى سۆزلەرنى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① بۈگۈن، چىسلا، بەش.

② بىز، 8-، ئاي، 10-، كۈن، ئۈرۈمچى، بار-

③ 12-، چىسلا، بىز، لېكسىيە، زال، چوڭ، ئاڭلا-.

④ مەمتىلى ئەپەندى، ئاتۇش، بۇيامەت كەنتى، 1091-، يىل، دۇنيا، كەل-.

⑤ زۇنۇن قادىر، 1989- يىل، 9- ئاي، 24- كۈن، كېسەل، سەۋەبى، بىلەن،77 ياش، ۋاپات، بول-.

⑥ ئۇيغۇر، ئەدىب، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن، 1966- يىل، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى، باشلانغان، قەدەر، تۆت، يىل، جەريانى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، كۈتۈپخانا، نازارەت، ئاستى، ئىشلە-.

⑦ ئەدەبىياتشۇناس، ئالىم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، 1995- يىل، 10- ئاي، كېسەل، سەۋەب، بىلەن، بىز، بىلەن مەڭگۈلۈك، خوشلاش-.

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Kaşgarlı Mahmut 1008 yılında kaşgar'dan 45 km güney batıda Opal köyünde dünyaya geldi.

2) Pazartesi günü işe gitmeyeceğim.

3) Ali Şir Nevai zengin bir Uygur ailede dünyaya gelmiştir.

4) Doğu Türkistan Cumhuriyeti 12 kasım 1944'te kuruldu.

5) Uygur halkı yakın tarihte, yani 1933 ve 1944 yıllarında, kendi bağımsız devletletini kurmuştur.

6) Yağmur bereket getirir.

7) Biri yer bini bakar, kıyamet ondan kopar.

8) Büyük annem gözlükle daha iyi görür.

9) Anne babalar her zaman çocuklarını düşünür.

10) Ben onu durakta beklemedim.